# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە، تۆۋەندىكى دۇئانى كۆپ تەكرارلايتتى: (سۇبهانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى) ئى بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، سەن ھەممىدىن پاك ۋە پۈتۈن ھەمدۇ - سانا ساڭا خاستۇر، ئى ئاللاھ مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ((ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن...)) دېگەن ئايەت (يەنى سۈرە نەسر) نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، قايسى نامازنى ئوقۇسا، ئۇنىڭدا: (سۇبهانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى) ئى بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، سەن ھەممىدىن پاك ۋە پۈتۈن ھەمدۇ - سانا ساڭا خاستۇر، ئى ئاللاھ مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېگەن دۇئانى تەكرارلايتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە: (سۇبهانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى) دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها بۇ ھەدىستە بايان قىلىپ: ئاللاھ سۇبهانەھۇ ۋەتەئالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا سۈرە نەسرنى نازىل قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز بۇ سۈرىدە كەلگەن ئىشارەتلەرنى، يەنى: باشقا غەلىبىلەرنى ۋە مەككىنى پەتھى قىلىشنى كۆرگەن چاغدا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇشقا ئالدىرىدى. شۇڭا (سۇبهانەكەللاھۇممە رەببەنا ۋە بىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى) دېگەن دۇئانى بەك كۆپ تەكرارلايتتى. بۇ دۇئا؛ ئاللاھ تائالانى پۈتۈن كەمچىللىكتىن پاكلاش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە ئەيىپ نۇقساندىن پاك ئاللاھتىن گۇناھنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەيلى پەرز ياكى نەپلە بولسۇن ھەرقانداق بىر ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە مەزكۇر دۇئانى قىلاتتى. بۇ سۈرە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5212

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee